

شىنجاڭ ۋاڭيۈەن بىيو پەن - تېخنىكا گۇرۇھىنىڭ باش مۇدىرى چېن گاڭلىياڭ:

# چارۋىچىلارنى تۆگە بېقىپ بېيىشقا يېتەكلىدى

**بىرىنچى سەپتىكى سىمالار**

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ تىلىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىر شىن جيەن

«نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئاۋۋال بېيىغانلار بايلىقنى ئىئانە قىلىشتەك ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. بىز بىر بايلىق يارىتىش كارخانىسى بەرپا قىلىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەرنى قاتناشتۇرۇپ، ئۇزاق مۇددەت بايلىققا ئېرىشىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىشىمىز كېرەك.» 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، شىنجاڭ ۋاڭيۈەن بىيو پەن - تېخنىكا گۇرۇھىنىڭ باش مۇدىرى چېن گاڭلىياڭ ئۆز ئىزچىل ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان نامراتلارنى يۆلەش ئىدىيەسىنى مۇشۇنداق بايان قىلدى.

2007 - يىلى، چېن گاڭلىياڭ يىغقان بارلىق پۇلىنى ئېلىپ، چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى سۇ ماكانىدىن غەربىي شىمالدىكى چوڭ قۇملۇققا كەلدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئەينى چاغدا چارۋىچىلارغا بەرگەن «چېگرا رايوندىكى چارۋىچىلارنى يېتەكلەپ، تۆگە بېقىپ بېيىش»تىن ئىبارەت بىر جۈملە ۋەدىسى ئۈچۈن ئىدى.

ماتېرىيال كۆرۈش، نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرۈش، زىيارەت قىلىپ ئەھۋال ئىگىلەش، مۇتەخەسسىسلەردىن مەسلىھەت سوراش ئارقىلىق چارۋىچىلىق كەسپىدىن كېلىپ چىققان چېن گاڭلىياڭ تۆگە بېقىش كەسپىنى ئېچىش ئارقىلىق ناھايىتى ئۇزۇن كەسىپ زەنجىرىنى تامامەن ھاسىل قىلغىلى بولىدىكەن، دەپ قارىدى. 2007 - يىلى، ئۇ بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىدە 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ شىنجاڭ ۋاڭيۈەن تۆگە سۈتى ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتىنى قۇردى.

ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، چېن گاڭلىياڭ «باشلامچى كارخانا+كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى+باقمىچىلىق بازىسى+باقمىچىلىق ئائىلىسى»دىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر مۇكەممەل تۆگە سۈتى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش زەنجىرى قۇردى. ۋاڭيۈەن گۇرۇھىنىڭ نۆل تەننەرخ سىلىنمىسى، نۆل تىجارەت خەتىرى، نۆل ئارىلىقتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت كەسىپلەشتۈرۈپ نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش ئەندىزىسى ئالتاي، تارباغاتاي، سانجى، ئۈرۈمچى، قومۇل قاتارلىق بەش ۋىلايەت، ئوبلاست(شەھەر)تا 5600دىن ئارتۇق ئائىلىدىكى تۆگە باققان نەچچە 10 مىڭ چارۋىچىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولدى ھەم ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 600 ئائىلىگە يېقىن چارۋىچىنى ئۆسۈمسىز قەرز بىلەن تەمىنلىدى، مەبلەغ 100 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

2019 - يىلى 6 - ئايدا، چېن گاڭلىياڭ جېمىنەي ناھىيەسىگە كېلىپ، يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن قول تۇتۇشۇپ، جېمىنەي ناھىيەسىدىكى ۋەنتويۈەنگە ئورتاق مەبلەغ سېلىپ قۇرۇپ، بۇ كەڭ كەتكەن چارۋىچىلىق فىرمىسىغا يېپيېڭى پۇرسەت ئېلىپ كەلدى.

ھازىر، ۋەنتويۈەندە قۇرۇلۇش باشلىنىشقا ئەگىشىپ، چېن گاڭلىياڭ بۇ يەرگە قورغاق يايلاقتا ياشاشقا تېخىمۇ ماس كېلىدىغان تۆگىلەرنى ئېلىپ كەلدى، تۆگە بېقىش تېخنىك باشلامچىلىرىنى ئېلىپ كەلدى، تۆگە سۈتىنى يىغىپ ساقلاش ئۈسكۈنىلىرىنى ئېلىپ كەلدى، تېخىمۇ مۇھىمى بۇ يەردە ئەۋلادمۇئەۋلاد ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن چارۋىچىلارغا سالاھىيەت جەھەتتە ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى.

«ئائىلىمىزدىكىلەر ئىلگىرى چارۋا بېقىپ كۈن كەچۈرەتتۇق، بىر ئائىلىك كىرىمىمىز 2000 يۈەندىن كۆپرەك ئىدى. ھازىر دادام جېمىنەي ناھىيەسىدىكى ۋەنتويۈەندە تۆگە بېقىش ئىشچىسى، ھەر ئايدا 6000 يۈەندىن ئارتۇق مائاش ئالىدۇ، ۋەنتويۈەن يەنە دادامغا ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تاپشۇرۇپ بەردى» دېدى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۇلاست بازىرى ئۇلاست كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى باقابول نۇريات.

«بۇ تۈر بايلىقنى مۈلۈككە، مەبلەغنى پاي سوممىسىغا، دېھقان - چارۋىچىلارنى ئىشچىغا ئايلاندۇردى، پۈتۈن ناھىيەدىكى 3265 ئائىلىدىكى 8990 ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىنىڭ كىرىمنى مۇقىم ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى» دېدى ۋەنتويۈەن چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ما يىڭجۈن.

ۋەنتويۈەن قۇرۇلغاندىن بۇيان، جېمىنەي ناھىيەسىدىكى 1026 ئائىلىلىك دېھقان - چارۋىچى يايلاق ئىجارە ئېلىش، تۆگە بېقىش، پايدا تەقسىملەش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى، كىشى بېشى ئاشقان كىرىم 5624 يۈەنگە يەتتى.

بۇ يىل 5 - ئايدا، ۋاڭيۈەن گۇرۇھى بۇرۇلتوقاي ناھىيەسى بىلەن قول تۇتۇشۇپ تەخمىنەن 2 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئورتاق بەرپا قىلغان «ساياھەت، ساغلاملىق - كۆتۈنۈش، مەدەنىيەت، ئىستىراھەت - كۆڭۈل ئېچىش، تىجارەت - ئىستېمال، مەبلەغ سېلىش - ئىگىلىك تىكلەش»تىن ئىبارەت ئالتىنى يىغىپ بىر گەۋدە قىلىنغان تۆگە كىچىك بازىرى تۈرىدە قۇرۇلۇش باشلاندى.

«2010 - يىلى، مەن ۋاڭيۈەن گۇرۇھىغا تۆگە بېقىپ بېرىشكە باشلىدىم، دەسلەپتە مېنىڭ پەقەت سەككىز تۆگەم بار ئىدى. چېن گاڭلىياڭ باش مۇدىرنىڭ ياردىمىدە، مېنىڭ ھازىر 200 تۆگەم بار بولدى، ھەر يىلى تۆگە بېقىشتىنلا 650 مىڭ يۈەن كىرىم قىلالايمەن، ئائىلىمىزدە ئاپتوموبىلمۇ بار بولدى، ئۆيىمۇ بار بولدى. بۇ يىل مەن بىرنەچچە ئادەم ئىشلىتىپ تۆگە بېقىشىمغا ياردەملەشتۈرۈشنى پىلانلىدىم، مەن تۆگە كىچىك بازىرىدىن ئۆي سېتىۋالىمەن، ساياھەتچىلىكنى يولغا قويىمەن. بىز ۋاڭيۈەنگە ئەگىشىپ تۆگە بېقىپلا قالماي، يەنە ۋاڭيۈەنگە ئەگىشىپ ساياھەتچىلىكنى يولغا قويىمىز.» 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىنىڭ جەتئارال بازىرى قارابىيا كەنتىدىكى چارۋىچى ئارغىن ئارىپ خۇشال ھالدا مۇخبىرغا ئۆزىنىڭ تىجارەت دەستۇرىنى سۆزلەپ بەردى.

تۆگە كىچىك بازىرىدا ئىش باشلانغانلىقى ۋاڭيۈەن گۇرۇھىنىڭ مەدەنىيەت - ساياھەت، ساغلاملىق - كۆتۈنۈش بازىرىغا رەسمىي يۈرۈش قىلغانلىقىدىن دېرەك بەردى، تۈر ئارقىلىق 3000دىن ئارتۇق چارۋىچى پەرزەنتىنىڭ شەھەرگە كىرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ھەل قىلىنىپ، مىڭدىن ئارتۇق ئائىلىنىڭ نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا بىۋاسىتە تۈرتكە بولىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى. بۇ تۈر يەنە ئالتاي ۋىلايىتى چارۋىچىلىقىنىڭ ئېپىش شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، چارۋىچىلىق قۇرۇلمىسىنىڭ دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، چارۋىچىلىق بىلەن ساغلاملىق - كۆتۈنۈش، ساياھەت - مەدەنىيەت كەسپىنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2020 - يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى بەلگىلىمىسى ئېلان قىلىندى

# ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئېلىنىدۇ

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ شىيانىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىمتىھان ئورنىدىن ئىگىلىشىچە، 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، «ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 - يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى بەلگىلىمىسى» ئېلان قىلىنغان، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلىدىكەن، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان نەتىجىسى، نومۇر چېكىنى ئېلان قىلىش ۋە ئارزۇ تولدۇرۇش قاتارلىقلارنى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىمتىھان ئورنى خىزمەت ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ھۆكۈمەت تەرەپ تور بېكىتى (www.xjzk.gov.cn)دە جەمئىيەتكە ئېلان قىلىدىكەن.

ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 - يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشى سەككىز تۈركۈمگە بۆلۈنىدىغان بولۇپ، تەرتىپى تولۇق كۇرس ئالدىنقى تۈركۈمى، نامراتلار مەخسۇس تۈرى، جەنۇبىي شىنجاڭ ئايرىم پىلانى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش پىلانى بويىچە تولۇق كۇرس 1 - تۈركۈمى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس تۈر پىلان تۈركۈمى، تولۇق كۇرس 1 - تۈركۈمى، نامراتلار مەخسۇس تۈرى، جەنۇبىي شىنجاڭ ئايرىم پىلانى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش پىلانى بويىچە تولۇق كۇرس 2 - تۈركۈمى، تولۇق كۇرس 2 - تۈركۈمى، ئالىي كەسپىي تېخنىكوم (مەخسۇس كۇرس) ئالدىنقى تۈركۈمى، ئالىي كەسپىي تېخنىكوم(مەخسۇس كۇرس) تۈركۈمى.

بۇنىڭ ئىچىدە، تولۇق كۇرس ئالدىنقى تۈركۈمى، نامراتلار مەخسۇس تۈرى، جەنۇبىي شىنجاڭ ئايرىم پىلانى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش پىلانى بويىچە تولۇق كۇرس 1 - تۈركۈمى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس تۈر پىلان تۈركۈمى، نامراتلار مەخسۇس تۈرى، جەنۇبىي شىنجاڭ ئايرىم پىلانى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش پىلانى بويىچە تولۇق كۇرس 2 - تۈركۈمى ۋە ئالىي كەسپىي تېخنىكوم(مەخسۇس كۇرس) ئالدىنقى تۈركۈمدە «پەلەمپەيسىمان ئارزۇ» شەكلى قوللىنىلىپ ئارخىپ چىقىرىلىدۇ، ئارخىپ چىقىرىش پرىنسىپى «ئارزۇنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، نومۇرغا ئەمەل قىلىش». تولۇق كۇرس 1 - تۈركۈمى، تولۇق كۇرس 2 - تۈركۈمى ۋە ئالىي كەسپىي تېخنىكوم (مەخسۇس كۇرس) تۈركۈمدە «پاراللېل ئارزۇ» شەكلى قوللىنىلىپ ئارخىپ چىقىرىلىدۇ، ئارخىپ چىقىرىش پرىنسىپى «نومۇرنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئارزۇغا ئەمەل قىلىش».

ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 - يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان ئارقىلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنىڭ نامراتلار مەخسۇس تۈرى، جەنۇبىي شىنجاڭ ئايرىم پىلانى ۋە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش پىلانى بويىچە تولۇق كۇرس 1 - تۈركۈمدە، تولۇق كۇرس 1 - تۈركۈمى ھەم تولۇق كۇرس 2 - تۈركۈمگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھەربىرىگە بىر قېتىم ئارزۇ قوبۇل قىلىش ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ؛ ئالىي كەسپىي تېخنىكوم (مەخسۇس كۇرس) تۈركۈمگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىككى قېتىم ئارزۇ قوبۇل قىلىش ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىمتىھان ئورنى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئورۇندىلىنىپ بولالمىغان ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، قوبۇل قىلىنمىغان ئوقۇغۇچىلارنى توردا ئارزۇ تولدۇرۇپ قوبۇل قىلىشقا تەشكىللەيدۇ، ئارخىپ چىقارغاندا شۇ قېتىمقى ئارزۇ قوبۇل قىلىش ئۆلچىمىنى ئاساس قىلىپ ئارخىپ چىقىرىدۇ. تولۇق كۇرس 1 - تۈركۈمگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھەر قېتىم ئارزۇ قوبۇل قىلغاندا، ئىمتىھان بەرگۈچىلەر كېيىنكى تۈركۈمدىكى ئارزۇسىنى ماس قەدەمدە ئۆزگەرتىپ تولدۇرسا بولىدۇ.

ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ھەم ئاتا - ئانىلار ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش بەلگىلىمىسىنىڭ تەپسىلىي مەزمۇنىنى ئىگىلىمەكچى بولسا، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىمتىھان ئورنىنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ تور بېكىتىگە چىقىپ تەكشۈرسە بولىدۇ.

# كەسىپ تورى زىچ توقۇلۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولى كېڭەيتىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

كەسىپلەرنى ئاساس قىلىپ، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشىك ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا غايەت زور رولىنى جارى قىلدۇردى.

دېھقانچىلىق قىلىشقا ماس كەلسە دېھقانچىلىق قىلىش، سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ماس كەلسە سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش، سودا قىلىشقا ماس كەلسە سودا قىلىش، ساياھەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا ماس كەلسە ساياھەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك. ئېغىر نامرات رايونلار ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەرەققىيات يوللىرىنى كېڭەيتىپ، يېزا ئېلېكترونلۇق سودىسى، يېزا - كەنت ساياھەتچىلىكى قاتارلىقلارنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا يېڭى بوشلۇق ئېچىپ بەردى. 2019 - يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش چوڭ ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش داۋامىدا، دۆلەت دەرىجىلىك ئېلېكترونلۇق سودىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش بويىچە ئۈنۈۋېرسال ئۈلگە كۆرسىتىدىغان ناھىيەلەر ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات نوپۇسقا 80 مىڭ 600 ئادەم قېتىم مۇلازىمەت قىلدى، 3000دىن ئارتۇق نامرات نوپۇسنىڭ بىۋاسىتە ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

### كەسىپ ئىشقا ئورۇنلىشىپ نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلۇشقا تۈرتكە بولدى

25 ياشلىق ئابدۇقېيۇم بارات يېڭىشەھەر ناھىيەسىدىكى بىر چوڭ تىپتىكى توقۇمىچىلىق كارخانىسىنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ، مۇقىم كىرىمى بولغاچقا، ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، بۇلتۇر نامراتلىقتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇتۇلدى. ئىلگىرىكى ئازغىنە ئۈنۈمسىز ئېتىزغا تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان قىيىن ئەھۋالغا سېلىشتۇرغاندا، ئابدۇقېيۇمنىڭ ھازىرقى ئۈمىدى ئاددىي ھەم قەتئىي ئىدى: «ئىش ئورنۇمنى قەدىرلەپ، ياخشى ئىشلەپ، تىرىشىپ تۇرمۇشۇمنى ياخشىلايمەن.» نۆۋەتتە بۇ كارخانىدىكى 98% ئىشچى - خىزمەتچى يېقىن ئەتراپتىكى يېزا - بازاردىن كەلگەن بولۇپ، بىر ئائىلىدىن ئىككى ئادەم ھەتتا كۆپ ئادەم بىللە ئىشلەيدىغان نامرات ئەمگەك كۈچلىرى ئاز ئەمەس، ئۇلار دېھقانلاردىن كەسىپ ئىشچىلىرىغا ئايلىنىپ، نامراتلىق بىلەن خوشلىشىپلا قالماي، بەلكى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان يېڭى تۇرمۇش كەچۈردى.

«باشلامچى كارخانىنىڭ تۈرتكىسىدە، بىز تېرىغان سەبدەرگۈلنى ساتالماسلىقتىن قورقمايمىز، ياخشى باھادا ساتالماسلىقتىن تېخىمۇ قورقمايمىز» دېدى يەكەن ناھىيەسىنىڭ قاراسۇ يېزىسى يۈڭخې كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى قەمەردىن ئابدۇللا.

قەمەردىننىڭ ئىشەنچى شۇ جايدىكى باشلامچى كارخانا چىڭگۇاڭ بىيو پەن - تېخنىكا گۇرۇھى يەكەن چەكلىك شىركىتىدىن كەلگەن. بۇ شىركەت يەكەنگە ماكانلاشقاندىن بۇيان، «شىركەت+بازا+ھەمكارلىق كوپېراتىپى+دېھقان ئائىلىسى» ئەندىزىسى ئارقىلىق، يەكەن ناھىيەسى، ھەتتا ئەتراپتىكى ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ سەبدەرگۈل كەسپىدە كۆلەملەشكەن ياخشى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى. شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى خەن ۋېنجيې مۇنداق دېدى: كارخانا دېھقانلارنىڭ كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى تەشكىللەپ قۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، دېھقانلارغا پۈتۈن مۇساپىلىك يېتەكچىلىك قىلدى ھەم يېزا - بازارلاردا سېتىۋېلىش نۇقتىسى تەسىس قىلىپ، تېخنىكا جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش، مەھسۇلاتنىڭ سېتىش يولى بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى، دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق ئاكتىپلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

بۇ يىل، يەكەن ناھىيەسى 130 مىڭ مودىن ئارتۇق يەرگە سەبدەرگۈل تېرىشنى پىلانلىغان بولۇپ، بۇ، 300 مىڭدىن ئارتۇق دېھقاننىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىكەن، مۆلچەرلىنىشىچە، ھەربىر ئائىلىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2000 يۈەن ئەتراپىدا ئاشىدىكەن.

كەسىپ گۈللەنسە، پۇقرالار بېيىدۇ. ئېغىر نامرات رايونلاردا خاس تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، ئەمگەك كۈچى زىچ كەسىپ قاتارلىقلار جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، كەسىپ تورى زىچ توقۇلۇپ، نامرات ئاھالىلەر جەلپ قىلىنىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئىسمى - جىسمىغا لايىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى ئاساسلىق يولغا ئايلاندى.

### سۈپەت ئۆستۈرۈلۈپ كىرىم سىجىل ئاشۇرۇلدى

بۇلتۇر، ئاقتۇ ناھىيەسى يېمەكلىك زەمبۇرۇغى تېرىقچىلىقىنى كىرگۈزۈپ، بارىن يېزىسىدا كەسىپ بازىسى بەرپا قىلدى. ئاقتۇ ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ چىڭيۈڭ مۇنداق دېدى: بۇ، ئاقتۇ ناھىيەسىدىكى بىر تۈرلۈك يېپيېڭى كەسىپ بولۇپ، شۇ جايدىكى ئاز دېگەندە 800 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىدا ئۈن - تىنسىز ئۆزگىرىش بولماقتا. «ناھىيە سودىگەر، مەبلەغ جەلپ قىلىش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، باشلامچى كارخانىلارنى كىرگۈزۈپ يېڭى كەسىپلەرنى ئورۇنلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەسىپ زەنجىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، 1 -، 2 -، 3 - كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ناھىيە بويىچە كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تېخىمۇ ئەلالىشىشىغا تۈرتكە بولدى» دېدى ۋاڭ چىڭيۈڭ.

ئاقتۇ ناھىيەسى ئاقتۇ بازىرىدا چارۋا - قۇش باقمىچىلىقى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى قۇرۇشنى پىلانلىدى، «مەركەزلەشتۈرۈپ بېقىش+تارقاق بېقىش+بىر تۇتاش سېتىۋېلىش» ئەندىزىسى ئارقىلىق، ھەر يىلى 20 مىليون تاۋار توخۇنى سېتىپ چىقىرالايدۇ. ئۇجمە يېزىسىدا كارخانىلارنى كىرگۈزۈپ كەپتەر باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇردى، يىلدا 500 مىڭ كەپتەر سېتىشنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى، كالا، قوي بورداقچىلىقى قاتارلىقلار پىلانلىنىپ، پۈتۈن ناھىيەدە كەسىپ ئەندىزىسى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇلدى.

كۆپ يىل تىرىشىش ئارقىلىق، لوپ ناھىيەسىدە چارۋا، ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىقى ۋە قارا مور كەسپى، خاس تېرىقچىلىق قاتارلىقلار تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ زورايدى. لوپ ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى لى جۈجۈ مۇنداق دېدى: «بىز ‹ناھىيەدە باشلامچى كارخانا بولۇش، يېزىدا كۆلەملىك كارخانا بولۇش، كەنتتە كەنت قۇرغان زاۋۇت بولۇش، ئائىلىلەردە ھۈنەرخانا بولۇش›تىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك كەسىپ تەرەققىياتى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، نامرات ئاممىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردۇق».

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز ھەرقايسى جايلارنىڭ كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىشىغا تۈرتكە بولۇش، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، نامراتلارغا پايدا يەتكۈزۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، نامراتلارنى يۆلەش سېخى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىقلار ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش كەسپىنىڭ تەرەققىيات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نامرات ئاممىنىڭ كىرىمنى سىجىل ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.